دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى تەشۋىقات ـ نەشرىيات كومىتېتى نەشر قىلدى

# شەرقنامە

2017 - يىلى فېۋرال

2
2017

# پائالىيەتلەر

## د ئۇ ق رەھبەرلىرى ياۋروپا پارلامېنتىدا بىر ھەپتە پائالىيەت ئېلىپ باردى

د ئۇ ق رەھبەرلىرى 23-يانۋاردىن 27 - يانۋارغىچە بېلگىيە پايتەختى بىريۇسسېلدىكى ياۋروپا پارلامېنتىدا بىر ھەپتىلىك دىپلوماتىك پائالىيەتلەر ئېلىپ باردى.

د ئۇ ق مۇئاۋىن رەئىسى ئۆمەر قانات، قۇرۇلتاي باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا ھەمدە قۇرۇلتاي تەشۋىقات-نەشرىيات كومىتېتى مۇدىرى ئەكرەم ھەزىمدىن تەركىب تاپقان بىر گۇرۇپپا كىشى 22-يانۋار كۈنى بېلگىيە پايتەختى بىريۇسسېلغا يېتىپ كېلىپ، 23-يانۋاردىن باشلاپ ياۋروپا پارلامېنتىدا ئېلىپ بارىدىغان بىر ھەپتىلىك سىياسىي پائالىيەتلىرىنى باشلىغان ئىدى.



بۇ بىر ھەپتىلىك پائالىيەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى؛ ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ۋە ئەزالىرى، ياۋروپا كومىسسىيەسى تاشقى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى، ھەرقايسى سىياسىي پارتىيە-گورۇھلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئايرىم-ئايرىم ئۇچرىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش ھەمدە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ياۋروپا پارلامېنتىدا كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

سۆھبەتلەردە د ئۇ ق رەھبەرلىرى شەرقىي تۈركىستاندا كۈنسېرى ناچارلىشىۋاتقان ۋەزىيەتنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقاد، مەدەنىيەت ۋە مىللىي كىملىكىگە ئائىت ساھەلەردە ئومۇمىيۈزلۈك باستۇرۇش ۋە چەكلىمىلەرگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدە ئىلگىرىكى يىللارغا سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە ئېغىرلاشقانلىقىنى مىساللىرى بىلەن تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتتى ھەمدە ياۋروپا بىرلىكىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇققا سەل قاراۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى.



24-يانۋار د ئۇ ق رەھبەرلىرىنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدىكى پائالىيەتلىرى كۆپ ھەم زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. قۇرۇلتاي مۇئاۋىن رەئىسى ئۆمەر قانات، باش كاتىپ دولقۇن ئەيسا، قۇرۇلتاي پروگراما ياردەمچىسى ۋە ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى ئەزاسى لۇسىيا ھەمدە قۇرۇلتاي تەشۋىقات-نەشرىيات كومىتېتى مۇدىرى ئەكرەم ھەزىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر ۋەكىللىرى بۇ بىر كۈندە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى. بۇ مىللەت ۋەكىللىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆزىگە لايىق مۇھىم ۋەزىپىلىرى بولۇپ، كۆپىنچىسى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى پارلامېنتتا قوللاپ كەلگەن، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قارارلار قوبۇل قىلىشقا تۈرتكە بولغان ھەمدە ئىلھام توختىنى ساخاروف مۇكاپاتىغا نامزات كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى قوللىغان كىشىلەر ئىدى.

بۇ ئۇچرىشىشلارنىڭ ھەممىسىدە د ئۇ ق رەھبەرلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىدىن مەلۇماتلار بەردى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان كونكرېت تېمىلار بولسا؛ ئىلھام توختى مەسىلىسى، قوش تىللىق مائارىپ، دىنىي باستۇرۇش ۋە مەسچىت چېقىش، پاسپورت يىغىۋېلىش، خىتاي - ئۇيغۇر مەجبۇرى تۇغقانچىلىق سىياسىتى، ئۈچ خىل كۈچلەر مەسىلىسى ۋە ھەممە يەردە ئەۋجى ئالغان ساقچى تېررورى قاتارلىقلار بولدى. ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ئۇيغۇر ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىشتا بولغان بارلىق مىللەت ۋەكىللىرى ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى، خىتايغا قارىتا ئۈنۈملۈك بىر بېسىم يوللىرىنى تېپىش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.



25 يانۋار ۋە 26 - يانۋار كۈنلىرى د ئۇ ق رەھبەرلىرى يەنە ياۋرۇپا بىرلىكى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ رەئىسى پانسېرى ئەپەندىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇھىم ئەربابلار بىلەن سۆھبەتلەردە بولدى. ھەر كۈنى 7-8 مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆز غايىلىرى ۋە تەلەپلىرىنى بىلدۈرۈپ ئۆتتى ھەمدە ياخشى ئىجابىي جاۋابلارغا ئېرىشتى. 23-يانۋاردىن

بۇيان، د ئۇ ق رەھبەرلىرى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ 20 نەپەر رەھبىرى ۋە ئەزاسى بىلەن سۆھبەتلەر ئېلىپ باردى. 26-يانۋار قۇرۇلتاي رەئىسى رابىيە خانىم ئامېرىكىدىن يېتىپ كېلىپ، د ئۇ ق رەھبەرلىرى بىلەن بىرگە بولدى.

بۇ قېتىمقى د ئۇ ق مەسئۇللىرىنىڭ ياۋروپا زىيارىتى ئىلگىرىكى چاغلارغا سېلىشتۇرغاندا دائىرىسى كەڭ، سۆھبەت مەزمۇنى مول، تەلەپ - ئىستەكلەر ئۇيغۇر مىللىي مەنپەئەتىگە زىچ باغلانغان ئىنتايىن مۇھىم بىر زىيارەت بولدى.

## د ئۇ ق رەھبەرلىرى ئۇ ن پ ئو دا

23-يانۋار چۈشتىن بۇرۇن د ئۇ ق رەھبەرلىرى ئۇ ن پ ئو (ۋاكالەتسىز مىللەتلەر تەشكىلاتى) نىڭ بىريۇسسېل شەھرىدە ئۇيۇشتۇرغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

بۇ يىغىن ئۇ ن پ ئو نىڭ بۇ يىل يازدا چاقىرىلىدىغان 10-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا ھازىرلىق قىلىش مەقسىتىدە چاقىرىلغان بولۇپ، يىغىندا ئۇ ن پ ئو نىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى، ئەھدىنامىسى، خىزمەت فۇنكسىيونى، ئەزا مىللەتلەرنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتىنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈش، ئېچىلغۇسى قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىنى ھازىرلاش قاتارلىق مەزمۇنلارنى مۇزاكىرە تېمىسى قىلغان.

يىغىنغا ئۇ ن پ ئو رەئىسى مارىنو بۇسداچىن ئەپەندى يېتەكچىلىكىدىكى مەركىزىي تەشكىلاتنىڭ 11 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزالىرى قاتناشتى. ئۇيغۇرلار ئۇ ن پ ئو نىڭ قۇرغۇچى ئەزاسى ھەمدە دولقۇن ئەيسا ئەپەندى ئۇنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزاسى بولغاچقا، د ئۇ ق رەھبەرلىرى بۇ خاس يىغىنغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئىدى.

45 دىن ئارتۇق خەلق ۋە مىللەتتىن ئەزاسى بولغان، دۇنيادا 150 مىليون خەلققە ۋەكىل بولۇپ پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇ ن پ ئو نىڭ بۇ يىغىنىدا ئەزالار خەلقارا ۋەزىيەت ھەققىدىكى تەھلىل-قاراشلىرىنى شەرھىيلەشتى، مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇھاكىمە قىلىشتى.



27 - يانۋار رابىيە خانىم باشچىلىقىدىكى د ئۇ ق رەھبەرلىرى ئۇ ن پ ئو نىڭ ئىشخانىسىنى مەخسۇس زىيارەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن بۇندىن كېيىنكى ھەمكارلىقلار ئۈستىدە مۇھاكىمىلەر ئېلىپ باردى. ب د ت ۋە ياۋرۇپا پارلامېنتىدا ئۇيۇشتۇرىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ پىلان - پروگراممىلىرى تۈزۈشتى.

## ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ 20 - نۆۋەتلىك سايلىمى ئېلىپ بېرىلدى

قۇرۇلغىنىغا 27 يىل بولغان ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ 20 - نۆۋەتلىك سايلىمى 15 - يانۋار كۈنى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى خىزمەت بىناسىدا ئېلىپ بېرىلدى. سايلامغا ئۇيغۇر ۋەكىللىرىدىن تولۇق 50 كىشى قاتناشتى. سايلامغا مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچى ئەزالىرىدىن بىرى بولغان ئەركىن ئالىپتېكىن ئەپەندى ۋە د ئۇ ق باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىلەر رىياسەتچىلىك قىلدى. سايلامغا قاتناشقان 50 كىشى دېموكراتىك ئۇسۇلدا بىلەت تاشلاش ئارقىلىق ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ 20 - قېتىملىق رەئىسىنى سايلاپ چىقتى.

د ئۇ ق دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، گېرمانىيەدىكى دىنىي زاتلاردىن تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇنھاجىم ئۇستۇن ئاۋاز بىلەن تەشكىلاتنىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى. رەئىس سايلىمىدىن كېيىن، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ




ئىككى نەپەر مۇئاۋىن رەئىسى، باش كاتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 11 نەپەر ئىدارە ھەيئىتى سايلام ئەھلىنىڭ قول كۆتۈرۈپ ئاۋاز بېرىشى بىلەن تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىك يادروسىنى تەشكىل قىلدى. ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتى غەرب ئەللىرىدە قۇرۇلغان تۇنجى ئۇيغۇر تەشكىلاتى بولۇپ، 1990 - يىلى ئەركىن ئالىپتېكىن باشچىلىقىدىكى 7 نەپەر ئۇيغۇر ميۇنخېن شەھىرىدە قۇرۇپ چىققان، 2015 - يىلى بۇ تەشكىلات قۇرۇلغانلىقىنىڭ 25 - يىللىق خاتىرىسى ميۇنخېن شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى.

## تەيۋەندىكى «تەيۋەن ئىتتىپاق بىرلىكى» پارتىيەسىنىڭ يىللىق پىلان يىغىنىغا ئۇيغۇرلارمۇ قاتناشتى




6-يانۋار تەيۋەننىڭ مەركىزى تەيبېيدا ئۆتكۈزۈلگەن «تەيۋەن ئىتتىپاق بىرلىكى» پارتىيەسىنىڭ يىللىق خۇلاسە يىغىنىغا ۋە كەچلىك ئىئانە توپلاش زىياپىتىگە ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىلھام مەھمۇت ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان بولۇپ، «تەيۋەن ئىتتىپاق بىرلىكى» پارتىيەسى 2017-يىللىق خىزمەت پىلانىدا، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىش، تەيۋەندە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى پىلانلىغان.

## جەنۋەدە شى جىنپىڭغا قارشى نامايىش ئېلىپ بېرىلدى

د ئۇ ق نىڭ تەشەببۇسى ۋە ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ ئورۇن-لاشتۇرۇشى بىلەن 16-يانۋار ئىككى ئاپتوموبىلدا ميۇنخېن شەھرىدىن يولغا چىققان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار 17-چىسلا جەنۋە شەھرىگە يېتىپ كېلىپ،




بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ تىبەتلىكلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرگە، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭغا قارشى ب د ت ئالدىدا بىرلەشمە نامايىش ئېلىپ باردى.

نامايىش جەريانىدا مۇنبەرگە تەكلىپ قىلىنغان دولقۇن ئەيسا ئەپەندى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلىكلەرگە سېلىۋاتقان زۇلۇمىغا قارشى جاراڭلىق نۇتۇق سۆزلەپ، نامايىش ئەھلىنىڭ كۈچلۈك ئالقىشلىرىغا ئېرىشتى.

## ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىدە سايلام ئۆتكۈزۈلدى



1-ئاينىڭ 29-كۈنى يەكشەنبە، مەركىزى ئىستانبۇلغا جايلاشقان شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىنىڭ ئىدارە ھەيئەت رەھبەرلىكى قايتىدىن سايلاپ چىقىلدى. سايلامغا شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىنىڭ ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىكى ۋە ئىدارە ھەيئەت رەھبەرلىرى قاتناشتى. سايلام شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ بايراقدارى مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ ئوغلى ئىلغار ئالىپتېكىننىڭ باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلدى.

ۋەقپىنىڭ ئاساسى قاتلام رەھبەرلىكىدىن ئابدۇجېلىل تۇران، مەتىن ئۆزكان، دوكتور ئەركىن ئەكرەم قاتارلىق 4 كىشىدىن تەركىب تاپقان سايلام كومىتېتى سايلامنى نازارەت قىلدى. سايلامغا يەنە ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ چوڭ ئوغلى ئەركىن ئالىپتېكىن ئەپەندى گېرمانىيەدىن كېلىپ قاتناشتى.

سايلام نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىنىڭ رەئىسلىكىگە دوكتور ئابدۇلھەمىت ئاۋشار سايلاندى. باش كاتىپلىققا دوكتور ئۆمەر قۇل قايتا سايلاندى. ئىدارە ھەيئەت رەھبەرلىكىگە مەتىن ئۆزكان، مۇھەممەت نۇر تۇرپان، مۇھتتىن جانۇيغۇر، مەھمەتجان قەشقەرلى ۋە خەيرۇللاھ ئەپەندىگىل ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەر يېڭىدىن سايلاندى.

## سېيىت تۈمتۈرك ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى تۈركىيەدە كەڭ تونۇتتى




1-ئاينىڭ 1-كۈنى ئىستانبۇلدىكى رېئىنا كەچلىك كۇلۇبىغا بېسىپ كىرگەن تېررورچى ئاپتوماتىك قورال بىلەن كىشىلەرگە ئوق چىقىرىپ، 39 ئادەمنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تۈرك ئاخباراتلىرىدا قاتىلنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، بۇنىڭ قىرغىز، ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر بولۇش ئېھتىمالى بارلىقى دېيىلگەن ئىدى. تۈركىيە مۇئاۋىن باش مىنىستىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىپادىسى تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆپ پەرىشان قىلغان ئىدى. د ئۇ ق نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سېيىت تۈمتۈرك ئەپەندى ۋەقە سادىر بولغان كۈندىن تاكى قاتىل تۇتۇلغۇچە بولغان ئارىلىققىچە ۋە قاتىل تۇتۇلغاندىن كېيىنمۇ تۈرك مەتبۇئاتلىرىغا، تېلېۋىزورلىرىغا كۆپ قېتىم نۇتۇق سۆزلەپ، تۈركىيە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا مەكتۇپلار يوللاپ ھەمدە تۈرك رەھبەرلىرى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشلار ئۆتكۈزۈپ ئۇيغۇر مىللىتىگە سۈرتۈلىشكە ئۇرۇنۇلغان قارىنى ئاقلاش يولىدا زور ئەجىر قىلدى.

1-ئاينىڭ 16-كۈنى قاتىل ئىستانبۇلنىڭ ئەسەنيۇرت رايونىدا تۇتۇلدى. ئىستانبۇل ۋالىيسى ۋاسىفى شاھىن بۇ ھەقتە مۇخبىرلارغا بەرگەن باياناتىدا تېررورچىنىڭ ئۆزبېكىستاندا 1983-يىلى تۇغۇلغان، ئافغانىستاندا تەربىيەلەنگەن ئابدۇقادىر ماشارىپوف ئىسىملىك تېررورچى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىنمۇ سېيىت تۈمرۈرك ئەپەندى يەنە مىدىئالاردا سۆز ئېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تەررور بىلەن ئالاقىسى بولمىغان، خىتايدىن باشقا مىللەتكە دۈشمەنلىك قىلمايدىغان بىر خەلق بولغانلىقىنى تونۇتتى.

# شەرقىي تۈركىستاندا

## قاراقاش ناھىيەلىك پارتكومغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي ۋە دىنىي باستۇرۇشلارغا قارشى ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك ھەرىكەتلەرنىڭ سانى ۋە كۆلىمى كېڭىيىپ بارماقتا. ر ف ئا نىڭ ئاشكارىلىشىچە، 2016 - يىلى 28 - دېكابىر قاراقاش ناھىيەلىك پارتكومغا ئاپتوموبىللىق ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەن. 4 نەپەر ھۇجۇمچىنىڭ ھەممىسىلا قارىقاشنىڭ ياۋا يېزىسىدىن بولۇپ، بۇلاردىن 34 ياشلىق توختىمەمەت تۇرسۇننىياز بىلەن نۇرمەمەت تۇرسۇننىياز جۇمە بازار كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئاكا-ئۇكىلار، يەنە بىر نەپىرى جاھانباغ كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق 23 ياشلىق ئابدۇلېتىپ مەتقۇرباندۇر.

ئاپتوموبىلدا پارتكوم قورۇسىغا باستۇرۇپ كىرگەن پىچاقلىق ھۇجۇمچىلار بىر ھۆكۈمەت كادىرى بىلەن بىر ئامانلىق قوغدىغۇچىنى ئۆلتۈرگەن. ھۇجۇمچىلارنى ساقچىلار ئېتىۋەتكەن. ختاي خەۋەرلىرىدە، ھۇجۇمچىلارنىڭ ھۇجۇمدا پارتلاتقۇچ قوللانغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

قاراقاشتىكى ۋەقەدىن كېيىن، ختاي ئامانلىق دائىرىلىرى پۈتۈن قاراقاش ناھىيەسىنى قامال قىلىپ، كەڭ كۆلەملىك ئاختۇرۇش ئېلىپ بارغان. د ئۇ ق نىڭ بىلدۈرۈشىچە، ھازىرغا قەدەر 34 ئادەم تۇتقۇن قىلىنغان. تۇتقۇنلارنىڭ 14 نەپىرى قاراقاش-قەشقەر يولىدا، 20 نەپىرى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئۆزىدە تۇتقۇن قىلىنغان. ختاي دائىرىلىرى 28-دېكابىر قارىقاش پارتكوم بىناسىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ۋەقەنى بېسىقتۇرغان بولسىمۇ، يەنە كۆڭلى تىنماي ئىلگىرى توشقان ئۇۋلاشقا چىققان 22 كىشىنىمۇ تۇتقۇن قىلغان.

## 16 مىليون 850 مىڭ ئادەم «سالامەتلىك تەكشۈرۈشى» گە قاتناشتۇرۇلدى

ختاي بۇ يىل 9-ئايدىن 12-ئايىنىڭ ئاخىرىغىچە شەرقىي تۈركىستاندا

«ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈش قۇرۇلۇشى» نى جىددىي رەۋىشتە ئېلىپ باردى. 27 - دېكابىرغا قەدەر 16 مىليون 850 مىڭ ئاھالە سالامەتلىك تەكشۈرۈش پروگراممىسىغا قاتناشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبتىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋە بىر ئوبلاستتىن جەمئىي توققۇز مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە سالامەتلىك تەكشۈرۈشكە قاتناشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ يەردىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 98 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. «سالامەتلىك تەكشۈرۈش» قۇرۇلۇشى مەجبۇرىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىلغان. بۇ جەرياندا ھەر بىر شەخسنىڭ قان ئۆرنىكى، د ن ئا ئۆرنىكى ۋە باشقا فىزىكىلىق شەخسىي ئۇچۇرلىرى ئېلىپ قېلىنىپ، كومپيۇتېردا ئارخىپلاشتۇرۇلغان.

## خىتاي قوراللىق ساقچىلىرى ئۈرۈمچىدە قەسەمياد يىغىنى ئۆتكۈزدى

31 - دېكابىر كۈنى خىتاي قوراللىق ساقچى قىسىم ئەسكەرلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىك ساقچىلىرى ھەم ھەر قايسى ساھەدىن تەشكىللەنگەن مۇقىملىقنى قوغداش كۈچلىرى بىرلىشىپ، ئۈرۈمچىدە مەخسۇس «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش قەسەمياد يىغىنى» ئۆتكۈزگەن.

خىتاي ھۆكۈمەت ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۈرۈمچىگە جايلاشقان قوراللىق ساقچى قىسىم باش ئەترىتىنىڭ ئۈرۈمچى قىبلىتاغدىكى «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەشىق بازىسى»دا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قەسەمياد مۇراسىمىغا 2000 ئەتراپىدا قوراللىق ساقچى قىسىم ئەسكەر - ئوفىتسېرى ۋە 1000 دىن ئارتۇق جامائەت خەۋپسىزلىك ئالاھىدە ساقچىسى تولۇق قوراللانغان ھالدا قاتناشقان بولۇپ، يىغىن مەيدانىغا يەنە برونېۋىك، ھەر خىل تىپتىكى قوراللىق ساقچى قىسىم ئاپتوموبىللىرى ۋە باشقىلار كىرگۈزۈلگەن.

## ئونسۇ ناھىيەسى بىسلىق سايمانلارغا كىملىك نومۇرى ئويۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقارغان

ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ ئونسۇ بازىرى لوڭچۇەن ئاھالىلەر كومىتېتى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئائىلىلەردە ئىشلىتىدىغان پىچاق تۈردىكى بارلىق تىغلىق سايمانلارغا ئىگىسىنىڭ كىملىك نومۇرىنى ئويۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مەزكۇر ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەن: «تىغلىق سايمانلارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە ئۇلارنىڭ يوقاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پۈتۈن بازاردىكى تىغلىق ئەسۋابلارغا ئىگىسىنىڭ كىملىك نومۇرى ئويۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاھالىلەردىن تۆۋەندىكىلەر تەلەپ قىلىنىدۇ: بىرىنچى، بارلىق تىغلىق سايمانلارنىڭ سانى ئېلىنىشى ۋە ئۇلارغا ئىگىسىنىڭ ئىسمى ئويۇلۇشى، بۇنىڭدىن ھەرقانداق ئائىلە باش تارتماسلىقى، ھەتتا بىر تال تىغلىق سايمانمۇ چۈشۈپ قالماسلىقى لازىم. ئىككىنچى، قىڭراق، قەلەمتىراچ، قوي-كالا بوغۇزلايدىغان پىچاق، پالتا، كەركە، كەسكۈچى ۋە چانىغۇچى ئەسۋابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تىغلىق سايمانلار بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ئېلىپ بېرىلىپ، ئىگىلىرىنىڭ كىملىك نومۇرى ئويۇلۇشى، بۇنىڭغا كېتىدىغان 3 سوم ھەقنى ئىگىسى تۆلىشى لازىم. ئۈچىنچى، ئويۇش ۋاقتى 1-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئىچىدە تىغلىق سايمانلىرىغا كىملىك نومۇرىنى ئويدۇرمىغانلار، ساقچىخانىلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلىدۇ.»

ئونسۇ ناھىيەسىدىكى ئاھالىلەر كومىتېت-لىرىنىڭ ئېلان قىلغان ئۇقتۇرۇشىدا، تەۋەلىك-تىكى بارلىق پۇقرالارنىڭ بەلگىلەنگەن ئورۇنغا بېرىپ، پالتا، پىچاق، قىڭراق، ئوغاق قاتارلىق ئائىلىدىكى تىغلىق ئەسۋابلارغا شۇ ئائىلە مەسئۇلىنىڭ كىملىك نومۇرىنى باستۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

## خىتاي ساقچىلىرى «تېررورلۇق گۇرۇپپىسى» غا چېتىشلىق 3 نەپەر ئۇيغۇر گۇماندارنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلدۈرگەن

خىتاي ساقچى تەرەپ 8-يانۋار كۈنى كەچقۇرۇن خوتەندە «تېررورلۇق گۇرۇپپىسى» غا چېتىشلىق 3 نەپەر گۇماندارنى قوغلاپ تۇتۇش جەريانىدا ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

تەڭرىتاغ تورى بىلەن خەلق تورىدا بېرىلگەن بۇ ھەقتىكى قىسقا خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن: «2017-يىلى 1-ئاينىڭ 8-كۈنى كەچ سائەت سەككىزدىن ئاشقاندا، خوتەن جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى 2015-يىلى گۇما ناھىيەسىدە يۈز بەرگەن

‹22-ئاپرېل ۋەقەسى› نى سادىر قىلغان تېررورلۇق شايكىسىدىن ئۈچ نەپىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. ساقچىلار قاچقۇننى قوغلاپ تۇتۇۋاتقاندا، ئۇلار زوراۋانلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، نەق مەيداندا ئېتىپ تاشلانغان. ساقچىلاردىن قازا قىلغانلار ۋە يارىلانغانلار بولمىغان».

ھالبۇكى، خىتاي ھۆكۈمەت تاراتقۇلىرى مەزكۇر خەۋەردە تىلغا ئالغان 2015-يىلىدىكى گۇما ناھىيەسىدە يۈز بەرگەن «22-ئاپرېل ۋەقەسى» ھازىرغىچە تاشقى دۇنياغا مەلۇم بولمىغان بىر ۋەقە بولۇپ، خىتاي تەرەپ ئۆز ۋاقتىدا بۇ ھەقتە ھېچقانداق خەۋەر بەرمىگەن.

## گۇما ناھىيىسىدە جىددىي ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلدى

خىتاي ئاخباراتى خىتاي قوراللىق كۈچلىرىنىڭ 1-ئاينىڭ 8-كۈنى خوتەندە 3 نەپەر گۇماندارنى ئېتىپ تاشلىغانلىقىنى ۋە بۇلارنىڭ 2015-يىلى گۇما ناھىيەسىدە يۈز بەرگەن ئاتالمىش «22-ئاپرېل تېررور ۋەقەسى» بىلەن چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئەمما خىتاي 7 - يانۋار كۈنىدىن باشلاپلا گۇما ناھىيىسىدە1-دەرىجىلىك بىخەتەرلىك مۇداپىئە تەدبىرىنى يولغا قويغان ئىدى.

## شەرقىي تۈركىستاندا دىنىي زاتلارغا قارىتا بېسىم داۋاملاشماقتا

خەلق توردىن بېرىلگەن بىر خەۋەردىن قارىغاندا، كۇچا ناھىيىسى يېقىندا «دىنىي زاتلار قوشۇن قۇرۇلۇشى» دېگەن خىزمەتكە ئاساسەن ناھىيىدىكى دىنىي زاتلارنى خىتاي ئۆلكىلىرىنى ساياھەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارغا نەمۇنىلىك دىنىي زات بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنى ۋەتەننى، بەختىيار تۇرمۇشنى قەدىرلەشكە چاقىرىشقا بۇيرىغان. بۇندىن باشقا يەنە، كۇچا ناھىيەسى «بەشتە ياخشى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى» ۋە «بەشتە ياخشى دىنىي زات»لارغا نام بېرىش، تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش جەھەتلەردە نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان 52 مەسچىت ۋە 123 دىنىي زاتنى تەقدىرلىگەن.

يېقىندا خوتەن ۋىلايىتىمۇ مەخسۇس

300 نەپەر كادىرنى «مەسچىت باشقۇرۇش سىياسىتى» بويىچە يېزىلارغا ئەۋەتكەن ئىدى. يەرلىكتىن ئەھۋال ئىنكاس قىلغان بىر كىشى، بۇ كادىرلارنىڭ يېزىدىكى دىنىي كەيپىياتى قويۇق دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ھەپتىدە ئەڭ ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم بېرىپ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

**غۇلجىدا 300 گە يېقىن ئۇيغۇر تۇتقۇن قىلىنغان**

ر ف ئا نىڭ بايان قىلىشىچە، نامەلۇم بىر كىشىدىن كەلگەن مەكتۇپتا «خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھىرىدە 300 گە يېقىن ئۇيغۇرنى تۇتقۇن قىلدى» دەپ ئۇچۇر بېرىلگەن بولۇپ، مەكتۇپتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلەۋاتقانلىقى قەيت قىلىنىپ، كونكرېت قىلىپ مۇنداق ئۇچۇرلار بېرىلگەن: «2016 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى ئايدۆڭ مەسچىتى ئىمامىنىڭ ئۆيىنى قازانچى ساقچىخانىسىدىكى ساقچىلار ئاختۇرۇش داۋامىدا، ئۆيىدىكى تاماق يېگەن قاچا ـ قۇمۇشلارنىڭ كۆپلۈكىدىن گۇمانلىنىپ، ئۆيىنى كەڭ ـ كۆلەملىك ئاختۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئۆينىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە تەربىيىلىنىۋاتقان 10دىن ئارتۇق بالا پاش بولۇپ قالغان. خىتاي ساقچىلار ئىمامنى ۋە بالىلارنىڭ ھەممىسى تۇتۇپ قازانچى ساقچىخانىسىغا ئاپىرىپ سولىغان. سوراقتىن كېيىن بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلغانلار بولۇپ 300 گە يېقىن ئۇيغۇرنى تۇتقۇن قىلغان. غۇلجا شەھىرىدىكى پۈتۈن يەر ئاستى ئۆيلەرنى ئاختۇرۇشقا باشلىغان.»

خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇچۇرلارنى قاتتىق قامال قىلىشى بىلەن، گەرچە ئايدۆڭدىكى بۇ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن ھەرىكىتىنىڭ تەپسىلاتى ھازىرچە سۇ يۈزىگە چىقمىغان بولسىمۇ، دائىرىلەرنىڭ رايوندا بۇ خىلدىكى يەر ئاستى دىنىي مەكتەپلەرنى باستۇرۇش ھەمدە كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىشى ھەرىكەتلىرى يېڭى ۋەقە ئەمەس.

## شاياردا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» شەكىلدىكى مەسىلە تاپشۇرۇش

خىتاي دائىرىلىرى نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ شايار قاتارلىق ناھىيىلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مەسىلە تاپشۇرۇش يىغىنى ئېچىۋاتقان بولۇپ، ئەتىگەن سائەت 8دىن كەچ سائەت 8 گىچە داۋام قىلىۋاتقان بۇ مەسىلە تاپشۇرۇش يىغىنلىرىدا، ئاھالىلەر ئىلگىرى ئۆزلىرى ياكى قوشنىلىرى بىلىپ ياكى بىلمەي سادىر قىلغان جىنايى قىلمىشلارنى مەلۇم قىلىشقا مەجبۇرلانماقتا. يىغىندا ئاھالىلەرگە 39 تۈرلۈك سوئال يېزىلغان جەدۋەل تارقىتىلغان. جەدۋەل تولدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاھالىلەر نۆۋەت بىلەن تارتىپ چىقىلىپ ئۆزىنىڭ ياكى قوشنىلىرىنىڭ ئاتالمىش جىنايەتلىرىنى ئەسلەشكە ۋە پاش قىلىشقا بۇيرۇلغان. مەسىلە تاپشۇرۇش جەدۋىلىدە، بۇرۇن ساقال قويۇپ باققانمۇ؟ قانۇنسىز ئۇن-سىن بۇيۇملىرىنى تۇتقانمۇ؟ بەلگىلەنگەن مەسچىتنىڭ سىرتىدا توپلىشىپ ناماز ئوقۇغانمۇ، بىرەر قانۇنسىز تەبلىغقە قاتنىشىپ باققانمۇ دېگەندەك سوئاللار سورالغان. ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار، مەمۇرى خادىملار ۋە ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ مەسىلە تاپشۇرۇش يىغىنىدا، دائىرىلەر مەسىلە تاپشۇرغانلارنىڭ يېنىك، يوشۇرغانلارنىڭ ئېغىز جازالىنىدىغانلىقىنى ئاھالىلەرگە ئۇقتۇرغان. مەسىلە تاپشۇرۇش بىر سىياسىي ھەرىكەت سۈپىتىدە خىتاينىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىي دەۋرىدە بىر نۆۋەت ئېلىپ بېرىلغان. بۇ ھەرىكەت ئۇيغۇر رايونىدا ئەينى يىللاردا تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ سازايى قىلىنىشىغا ۋە تۈرمىگە تاشلىنىشىغا سەۋەب بولغان.

## شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا 7 نى چەكلەش نىزامنامىسى ئېلان قىلىندى

18 - يانۋار كۈنى ئۈرۈمچىدىكى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»، «پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى» قاتارلىق مەكتەپلەرنىڭ تور بەتلىرىدە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن يېقىندىن تۈزۈلگەن، رايوندىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى رىئايە قىلىش تەلەپ قىلىنغان «شىنجاڭدىكى ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ 7 نى

چەكلەش نىزامنامىسى» نىڭ تولۇق مەزمۇنى ئېلان قىلىنغان.

7 ماددىلىق نىزامنامىنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپلەردىكى مەمۇرى خىزمەتچىلەرگە قارىتىلغان قىسمىدا، دىنىي پائالىيەتلەرنى تەشۋىق قىلماسلىق، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىق، دىنىي تۈس ئالغان كىيىم-لەرنى كىيمەسلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا خىلاپ ئىشلارنى قىلماسلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز گەپلەرنى قىلماسلىق، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىدە بولماسلىق، خۇراپاتلىقنى تەشۋىق قىلماسلىق تەلەپ قىلىنغان. ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان قىسمىدا، ماركسىزملىق ئاتېزم تەربىيىسىنى رەت قىلماسلىق، دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي پائالىيەتتە بولماسلىق، دىنىي تۈستىكى كىيىم كىيمەسلىك، دىنىي كىتابلارنى ئوقۇماسلىق ۋە تارقاتماسلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا خىلاپ ئىشلاردا بولماسلىق، مىللىي ئىناقلىققا ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە زىيانلىق سۆزلەرنى قىلماسلىق، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قاتناشماسلىق تەلەپ قىلىنغان.

# ئالدىمىزدىكى ئايلاردا

## ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزىلىدۇ

د ئۇ ق ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى دېموك-راتىيە، كىشىلىك ھوقۇق، قانۇنىي بىلىملەر تەربىيىلەش پروگراممىسىنىڭ 12-نۆۋەتلىكىنى ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزمەكچى.

د ئۇ ق رەھبەرلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى دېموكراتىيە، كىشى-لىك ھوقۇق، قانۇنىي بىلىملەر بىلەن تەربىيىلەش پروگراممىسىنىڭ 12-نۆۋەتلىكىنى 3-ئاينىڭ 29 - ، 30 - ۋە 31 - كۈنلىرى بېلگىيە پايتەختى بىريۇسسېلدا ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلغان. بۇ قېتىمقى پروگراممىدا دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرىدىن 30-25 ئەتراپىدا كىشىنى تەربىيىلەش نىشان قىلىنغان. پروگراممىغا قاتناشتۇرۇلىدىغان ياشلارغا

هازىرغا قەدەر ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشقان، تەشكىلاتلاردا ۋەزىپە ئالغان ياكى ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارزۇيى بولغان، ئۇنىۋېرسىتېتلاردا خەلقارا سىياسىي، دىپلوماتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇق كەسىپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ياشلارنىڭ تاللىنىدىغانلىقى شەرت قىلىنغان.

مەلۇم بولغىنىدەك، د ئۇ ق ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەش پروگراممىسىنى ئامېرىكا دېموكراتىيىنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندىنىڭ ماددىي ياردىمى بىلەن 2007 - يىلىدىن بۇيان يولغا قويۇپ كەلگەن، 2007 - يىلى 5 - ئايدا گوللاندىيىنىڭ دەنھاگ شەھىرىدە، 2008 - يىلى 4 - ئايدا گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىدە، 2009 - يىلى 5 - ئايدا ئامېرىكىنىڭ ۋاشىڭتون شەھىرىدە، 2010 - يىلى 4 - ئايدا ياۋروپا پارلامېنتىدا، 2011 - يىلى 3 - ئايدا ئاۋستىرالىيىنىڭ




سىدنىي، ئادېلەيد ۋە مېلبورن شەھەرلىرىدە، 2012 - يىلى 5 - ئايدا ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدە، 2013 - يىلى شىۋېتسارىيىنىڭ جەنۋە شەھىرىدە، 2014 - يىلى 5 - ئايدا گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە، 11 - ئايدا جەنۋەدە، 2015 - يىلى 4 - ئايدا ۋاشىنگتوندا، 2016 - يىلى 4 - ئايدا بېرلىن شەھىرىدە ئوخشاش بولمىغان تېمىلار بويىچە ئۆتكۈزۈپ، د ئۇ ق نى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنى خەلقارا قانۇنلارغا ماس ھالدا كۈچلەندۈرۈش، ئۇيغۇر رەھبەرلىرى ۋە سىياسىي پائالىيەتچىلەرنىڭ ماھىرلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتلەردە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

## د ئۇ ق رەھبەرلىرى 34 - نۆۋەتلىك ب د ت يىغىنىغا قاتنىشدۇ

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 34 - نۆۋەتلىك يىغىنى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنىگىچە جەنۋەدە چاقىرىلىدىغان بولۇپ، بۇ

يىغىنغا د ئۇ ق رەھبەرلىرىدىن دولقۇن ئەيسا باشلىق بىر گورۇپپا كىشى قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ب د ت، خەلقارا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى پاش قىلىدۇ.

## «جەنۋە ئالىي دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشى»غا ئۇيغۇر ۋەكىللىرىمۇ قاتنىشىدۇ

2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ب د ت دا «جەنۋە ئالىي دەرىجىلىكلەر ئۇچرىشىشى» ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ يىغىنغا ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ باش مىنىستىرلىرى، ئەدلىيە مىنىستىرلىرى، ب د ت دا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى، خەلقارا دىپلوماتلار، سىياسىيونلار، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ 500 دىن ئارتۇق يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار قاتنىشىدۇ. ئۇيغۇرلارغا ۋەكالىتەن بۇ ئۇچرىشىشقا د ئۇ ق باش كاتىپى دولقۇن ئەيسا ئەپەندىمۇ قاتنىشىدىغان بولۇپ، بۇ ئۇچرىشىش ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىلدۈرۈشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ھېسابلىنىدۇ.

## گېرمانىيەدە نورۇز پائالىيىتى ئۆتكۈزىلىدۇ

د ئۇ ق نىڭ تەشەببۇسى، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلارنى مەركەز قىلغان ھالدا نورۇز پائالىيىتى ئۆتكۈزىلىدۇ. بۇ پائالىيەتكە ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلار قاتناشقاندىن سىرت، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، چەتەللىك ئۇيغۇرشۇناسلار، سىياسىيونلار ۋە پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ مەسئۇللىرىمۇ تەكلىپ قىلىنىدۇ.

د ئۇ ق تەشۋىقات ـ نەشرىيات كومىتېتى
گېرمانىيە / ميۇنخېن
2017 ـ يىلى 2 ـ سان

Dunya Uyghur Qurultiyi Teshwiqat - Neshriyat Komitéti neshr qildi

# XEWERNAME

2017 - Yili Fewral

2
2017